# شى جىنپىڭ جۇڭگو ــ ئەرەب دۆلەتلىرى سىياسىي پارتىيەلىرى سۆزلىشىش يىغىنى ئالاھىدە يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى؛ باشتىن ـ ئاخىر ئاشكارا، ئوچۇق، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا پائال قاتنىشىپ ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىگە قۇربىنىڭ يېتىشىچە مەدەت ۋە ياردەم بەردى. جۇڭگو تەرەپ كەڭ ئەرەب دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، ئىنسانىيەت سەھىيە ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا بىرلىكتە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ـ ئەرەب دۆلەتلىرى سىياسىي پارتىيەلىرى سۆزلىشىش يىغىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى سىياسىي پارتىيەلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقىدىكى مۇھىم سۇپا. يۇقۇم ئېلىپ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى خىرىس ئالدىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھەرقايسى ئەرەب دۆلەتلىرى سىياسىي پارتىيەلىرى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو ـ ئەرەب دۆلەتلىرى سىياسىي پارتىيەلىرى سۆزلىشىش يىغىنىنىڭ سۇپىلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ۋەزىيىتىدە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگو ـ ئەرەب دۆلەتلىرى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش، جۇڭخۇا مىللىتى، ئەرەب مىللەتلىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مىللەتنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايدۇ. يىغىننىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمەن.

جۇڭگو — ئەرەب دۆلەتلىرى سىياسىي پارتىيەلىرى سۆزلىشىش يىغىنى ئالاھىدە يىغىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئالاقە بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان. يىغىن ئۈچ كۈن داۋاملىشىدىغان بولۇپ، باش تېمىسى «يېڭى دەۋردە جۇڭگو ـ ئەرەب دۆلەتلىرى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە بەرپا قىلايلى». ماۋرىتانىيە زۇڭتۇڭى گارزۇۋانى، پەلەستىن فاتاخىنىڭ رەئىسى، زۇڭتۇڭ ئابباس، سۇرىيە گۈللىنىش پارتىيەسىنىڭ باش شۇجىسى، زۇڭتۇڭ بەشىر، ماراكەش ئادىللىق ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ باش شۇجىسى، باش ۋەزىر ئۇسمانى قاتارلىق ئالتە نەپەر ئەرەب دۆلەتلىرى رەھبىرى يىغىندا تەبرىك سۆزى قىلدى، ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ئاساسلىق سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ 60تىن ئارتۇق رەھبىرى قاتناشتى. ئەرەب دۆلەتلىرى تەرەپنىڭ رەھبەرلىرى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەرەب دۆلەتلىرى ـ جۇڭگو ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە بەرگەن ئەجابىي باھاسىنى تامامەن قۇۋۋەتلەيمىز؛ جۇڭگو پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە «خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش»تەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ ھەم ئىنسانىيەت تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا پائال قاتناشقانلىقى ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولغانلىقىنى يۈكسەك ئالقىشلايمىز؛ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىزچىل ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغدىشىنى قوللاپ كەلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمىز، شياڭگاڭ، شىنجاڭ قاتارلىق ئىشلار جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى دەپ قارايمىز، تاشقى كۈچلەرنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرىمىز؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن بىرلىكتە، ئىستراتېگىيەلىك ئالاقە ۋە ئىدىيەدە ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى ئەرەب دۆلەتلىرى ـ جۇڭگو تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە قۇرۇشنى خالايمىز.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ھەم ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي دۆلەت، ھەم ھاياتىي كۈچكە تولغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت. جۇڭگوغا تىنچلىق كېرەك، زومىگەرلىك كېرەك ئەمەس. بىزنىڭ بارلىق سىياسەت ۋە خىزمەتلىرىمىزنىڭ چىقىش نۇقتىسى جۇڭگو خەلقىنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش. بىز تىنچ تەرەققىيات يولىنى بويلاپ قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭىمىز. جۇڭگو پۇرسەت، تەھدىت ئەمەس. جۇڭگو ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىدۇ، بۇ، ياۋروپانى يېڭى بىر نۆۋەت ھەمكارلىق پۇرسىتى ۋە تەرەققىيات بوشلۇقى بىلەن تەمىنلەيدۇ. جۇڭگو ھەمراھ، رەقىب ئەمەس. جۇڭگو ـ ياۋروپانىڭ تۈپ پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى يوق، ھەمكارلىقى رىقابىتىدىن خېلىلا زور، ئورتاق تونۇشى ئىختىلاپىدىن خېلىلا زور. ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىپ، پەرق بولسىمۇ ئىناق ئۆتۈپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئىشىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ھەمكارلىق داۋامىدا ئورتاق مەنپەئەتنى كېڭەيتىپ، تەرەققىيات داۋامىدا قىيىن مەسىللەرنى ھەل قىلىپ، تېخىمۇ دۇنياۋى تەسىر كۈچىگە ئىگە جۇڭگو ـ ياۋروپا ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇمنىڭ زەربىسىدە دۇنيادا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، تېخىمۇ كۆپ مۇقىمسىز، ئېنىقسىز ئامىللارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. مەن ئىلگىرى كىرىزىس داۋامىدا تىرىشىپ يېڭى پۇرسەت يارىتىپ، ئۆزگىرىش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. بۇ نۇقتا جۇڭگو ـ ياۋروپا مۇناسىۋىتىگىمۇ ماس كېلىدۇ. جۇڭگو ـ ياۋروپا دۇنيادىكى ئىككى چوڭ كۈچ، ئىككى چوڭ بازار، ئىككى چوڭ مەدەنىيلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن، نېمىنى تەشەببۇس قىلىشى، نېمىگە قارشى تۇرۇشى، نېمىدە ھەمكارلىشىشى دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇڭگو ـ ياۋروپا يەر شارىۋى تىنچلىق، مۇقىملىقنى قوغدايدىغان ئىككى چوڭ كۈچ بولۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ياۋروپا تەرەپ بىلەن مۇھىم، زور مەسىلىلەردە ئالماشتۇرۇشنى خالايدۇ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاق، مۇقىم، ئوچۇق، گۈللەنگەن يۆنىلىشكە قاراپ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، ياۋروپا تەرەپنىڭ خەلقئارا تىنچلىق، مۇقىملىق ئۈچۈن ئەجابىي تۆھپە قوشۇشىنى كۆرۈشنى خالايدۇ، ياۋروپا تەرەپ بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يەر شارىۋى خاراكتېرلىك خىرىسلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنى خالايدۇ.

جۇڭگو ـ ياۋروپا پۈتۈن يەر شارىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ئىككى چوڭ بازار بولۇشى كېرەك. جۇڭگو ـ ياۋروپا ئىككى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە دۇنيا ئىقتىسادىدىكى «قوش موتور»لۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىلمىي، تەرتىپلىك ھالدا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئورتاق قوللاپ، ماكرو ئىگىلىك سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يەر شارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىم، راۋان بولۇشىنى قوغدىشى كېرەك. ئىككى تەرەپ ئۆزئارا بازارنى ئېچىۋېتىشنى ساقلاپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپانىڭ يېشىل ۋە رەقەم ساھەسىدىكى ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، يېشىل تەرەققىيات ھەمراھى بەرپا قىلىشى كېرەك. ئىككى تەرەپ ئافرىقىغا قارىتىلغان ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

جۇڭگو ـ ياۋروپا كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرىدىغان، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ئىككى چوڭ مەدەنىيلىك بولۇشى كېرەك. مەيلى خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو كۆپ تەرەپچىللىك تەرەپتە تۇرۇپ، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش قارىشىدا چىڭ تۇرىدۇ. جۇڭگو تەرەپ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كۆپ تەرەپچىللىكنى قەتئىي قوغداپ، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا قاتناشقانلىقى ھەم دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا ئاپپاراتلارغا بولغان سېلىنمىنى ئاشۇرغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ، ياۋروپا تەرەپ بىلەن مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرىدە ماسلىشىش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە ئىدارە قىلىش بويىچە سۆزلىشىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىنسانىيەت سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: مەن ئىككى رەئىس بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، جۇڭگو ـ ياۋروپانىڭ بىر قاتار مۇھىم، زور سىياسىي قارالمىلىرىنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن.

مىچېل بىلەن ۋوندېرلېيىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ياۋروپا ـ جۇڭگو دۇنيادىكى ئىككى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ھاياتىي كۈچكە تولغان. ھازىر دۇنيا ناھايىتى زور ئېنىقسىزلىققا دۇچ كەلمەكتە، پەقەت خەلقئارا ھەمكارلىق بولغاندىلا، يەر شارىۋى خاراكتېرلىك خىرىسلارغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ، پەقەت سۆزلىشىش كېڭەشكەندىلا، زىددىيەت، توقۇنۇشنى ھەل قىلىپ، رايون مۇقىمسىزلىقىنى تۆگەتكىلى بولىدۇ. ياۋروپا تەرەپ سەممىي پوزىتسىيە بىلەن جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئىستراتېگىيەلىك سۆزلىشىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئورتاق تونۇشنى كېڭەيتىشنى خالايدۇ. ياۋروپا تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئىككى تەرەپنىڭ سودا كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق، رەقەملىك ئىقتىساد قاتارلىق كەڭ ساھەلەردىكى ھەمكارلىقتا تېخىمۇ كۆپ ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ياۋروپا ـ جۇڭگو مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنى ئىمكانقەدەر تېز ھاسىل قىلىپ، يۇقۇم تەسىرىنى بالدۇرراق يېڭىش، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايدۇ. ياۋروپا تەرەپ كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، دۇنيا سودا تەشكىلاتى، 20 دۆلەت گۇرۇھى قاتارلىق رامكىلار ئىچىدە ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى، كىلىمات ئۆزگىرىشى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات، ئافرىقىغا قارىتىلغان ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىقى قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەردە ماسلىشىش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. ياۋروپا تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ياۋروپا ـ جۇڭگو كېڭىشىپ بېكىتكەن مۇھىم، زور سىياسىي قارالمىلاردا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەمدىلا ئېچىلغان مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى مۇزېيىدا، ساياھەتچىلەر يولغا چىقىشتىن بۇرۇن كۆرگەزمىگە قويۇلغان ھەربىيچە جۇۋا، چوڭ تۇمشۇقلۇق قىشلىق ئاياغ، تال سىۋەت، كىرسىن چىراغ قاتارلىق بۇيۇملارنى تەپسىلىي ئېكسكۇرسىيە قىلدى، مۇستەقىل چۈشەندۈرگۈچتىن كېلىۋاتقان چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلاپ، ھاياجان ئىلكىدە مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىدىن ئىبارەت بۇ قەھرىمانلار يولىنىڭ ياسىلىش تارىخىنى چۈشەندى.

مايتاغ ـ كۇچا تاشيول لىنىيەسىنىڭ مەنزىرە ئىسخېمىسى ئالدىدا، بايىنبۇلاق يايلىقى، كۈنەس مەنزىرە رايونى قاتارلىقلارنىڭ غايەت زور سۈرەتلىرىدىن ساياھەتچىلەر مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئالدىن كۆردى. «بۇ يەر مېنى مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىغا نىسبەتەن بىۋاسىتە تونۇشقا ئىگە قىلدى، مۇزېي مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىنىڭ مەدەنىيەت ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى كۆپەيتىپتۇ.» ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ، كۈيتۇن شەھىرلىك ساياھەتچى ياۋ جۈەن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى مۇزېيىغا كەلگەنىدى.

مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى ساياھەتچىلەر مۇلازىمەت مەركىزى، مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى مۇزېيى ئومۇمىي كۆلىمى 59 گېكتار كېلىدىغان مايتاغ ـ كۇچا چوڭ لاگېرى تۈرىنىڭ پەقەت بىر قىسمى. مايتاغ ـ كۇچا چوڭ لاگېرى تۈرىنىڭ شىمال تەرىپى ئۆزۈنلۈكى بىر كىلومېتىردىن ئاشىدىغان خۇاشى مەنزىرە بەلبېغى بولۇپ، ھازىر مايتاغدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەتىگەنلىك چېنىقىدىغان، ئارام ئالىدىغان يېڭى جايى بولۇپ قالدى.

ئىگىلىنىشىچە، مايتاغ ـ كۇچا چوڭ لاگېرىدىكى ئاپتوموبىل ۋە دالا ئەسلىھەلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش مەركىزى، ئاپتوموبىل دالىدا قونۇش ئورنى، كۆتۈنۈش ساغلاملىق مەركىزى، باللار سۇ شادلىق باغچىسى، مەدەنىيەت ئىجادىيەت سودا كوچىسى قاتارلىق تۈرلەرمۇ ناھايىتى تېزلا ئارقا ـ ئارقىدىن تاماملىنىدىكەن. مۇلازىمەت سىستېمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھەت كەسىپ زەنجىرىمۇ ئۇزارتىلىدىكەن.

2019 ـ يىلى، مايتاغ تەۋەسىدىن ئۆتۈپ مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىنى كېسىپ ئۆتكەن ساياھەتچى ئاپتوموبىلى جەمئىي 1 مىليون 119 مىڭ 700 ئاپتوموبىل قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 53.85% ئاشتى. مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى «قاتناش + ساياھەت»تىكى نادىر ئەسەرگە ئايلاندى.

مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىدا ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ «مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئومۇمىي يىرىك پىلانى»نى تۈزۈشكە تۈرتكە بولۇشنىمۇ تېزلەتتى، قاتناش، مەدەنىيەت ـ ساياھەت قاتارلىق تارماقلار پائال ھەمكارلىشىپ، مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈردى، ئۆزگەرتتى. 2019 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش ترانسپورت تارماقلىرى مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆزگەرتىش 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى ئاساسىدا، بۇ يىل يەنە مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىنىڭ سۈپىتىنى، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى سىستېمىسى ۋە ئۆلچىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە تۈرتكە بولدى.

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قاراماي شەھرىنىڭ مايتاغ رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن «چۆللۈك ساياھىتى مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى» 2020 مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى ساياھەت بايلىقلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى ساھەسى باشلىقلار مۇنبىرىدە، جۇڭگو ساياھەت قاتناش ۋاستىلىرى جەمئىيىتى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى ۋە دالىدا قونىدىغان ئۆي ئاپتوموبىل شۆبە جەمئىيىتى قاراماي شەھرىگە «ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى مەنزىلگاھىنىڭ دەرىجىسىنى ئايرىش ‹نۇقتىدا سىناق قىلىپ دەلىللەنگەن شەھەر›» دېگەن لەۋھە تاختىسى بەردى.

قاراماي شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: «نۇقتىدا سىناق قىلىپ دەلىللەنگەن شەھەر» بولۇپ تاللانغاندىن كېيىن، قاراماي شەھرى «ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى مەنزىلگاھىنىڭ دەرىجىسىنى ئايرىش» «ئۆزى ھەيدەيدىغان ئاپتوموبىل، تۇرالغۇ ئاپتوموبىل بارگاھىنىڭ سۈپەت دەرىجىسىنى ئايرىش» قاتارلىق ئۆلچەملەرگە ئاساسلىنىپ، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتىنىڭ تەمىنات تەرەپ جەھەتتىكى كەم تۈرلەر ۋە ئاجىز ھالقىلارنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالدىن يولغا قويۇپ، ئالدىن سىناق قىلىپ، كەم تۈرلەرنى تولۇقلاپ، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتىنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ دائىملىشىشىدا، زىچلىقى تۆۋەن، ئىنچىكىلەشكەن، يۇقىرى سۈپەتلىك ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش مەھسۇلاتلىرى قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشتى، شىنجاڭ بۇنى مۇھىم تۇتقا قىلىپ، يول ئارقىلىق مەنزىرە كۆرسىتىپ، مەنزىرە ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، مەھسۇلات مەزمۇنىنى موللاشتۇرۇپ، ساياھەت بازىرىنى جانلاندۇردى. مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «S101 تيانشان جۇغراپىيەلىك رەسىم كارىدورى سەرخىل ساياھەت لىنىيەسى» «تاشقورغان ـ يەكەن قەدىمىي يولى سەرخىل ساياھەت لىنىيەسى» قاتارلىق سۈپەتلىك ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش لىنىيەلىرىنى ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، بىر تۈركۈم سەرخىل ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش لىنىيەلىرىنى تېخىمۇ يورۇتتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ماھارەت ئاچقۇچ. ئاپتونوم رايونىمىز كەسىپ بويىچە تەربىيەلەش سالمىقىنى ئاشۇردى، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا 553 مىڭ 300 ئادەم قېتىم تۈرلۈك تەربىيەلەش قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرى 320 مىڭ 800 ئادەم قېتىم ماھارەت بويىچە تەربىيەلىنىپ، نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرى 182 مىڭ 600 ئادەم قېتىم تەربىيەلىنىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇشقا پۇختا ئاساس سېلىندى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ئىگىلىك تىكلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى ۋە يولى قىلىپ، «يۇرتىغا قايتىپ، يېزىغا بېرىپ ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتىگە يەنىمۇ تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى بېسىپ تارقىتىپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر قاتارلىق كىشىلەر توپىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ، يېزىغا بېرىپ ئىگىلىك تىكلەپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ئىلھام بەردى، ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنىڭ رولى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئالدىنقى بەش ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىگىلىك تىكلىگۈچى 28 مىڭ 300 ئادەم بولۇپ، پۈتۈن يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنىڭ 94.26%ى تاماملاندى؛ ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق 47 مىڭ 900 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇنۇپ، پۈتۈن يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنىڭ 53.23%ى تاماملاندى.

يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىز «كەچۈرۈم قىلىش، كېمەيتىش، كېچىكتۈرۈش، قايتۇرۇش، تولۇقلىما بېرىش» قاتارلىق بىر قاتار يۈكنى يېنىكلىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى رولى كۆرۈنەرلىك بولدى. شەھەر ـ بازارلاردىكى يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئىچىدە، كارخانىلارغا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 130 مىڭ 200 ئادەم، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 122 مىڭ 900 ئادەم، ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كارخانىلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 115 مىڭ 100 ئادەم بولۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلىشتىكى ئاساسىي يوللۇق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر ليۇ جۈنچاڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ، ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ 24 سائەتلىك ئىشچى ئىشلىتىشنى تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇش، كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، توردا ھەر خىل تەكلىپ قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈش، «بىر ئادەمگە بىر تەدبىر بولۇش» بويىچە نۇقتىلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەش قاتارلىقلار ئارقىلىق، كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

«كېيىنكى قەدەمدە، بىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەھلىل قىلىش، كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يۈكنى يېنىكلىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشكە دائىر بىر قاتار سىياسەت تەدبىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى ۋە ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يولى بولۇش، تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى ليۇ جۈنچاڭ.